قىزىل يىڭناغۇچ چۆچەكلەر مەجمۇئەسى

# پىشقچاقنىڭ مېھمان چاقىرىشى



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت-فوتو سۈرەت نەشرىياتى

Scanned by CamScanner

بۇ كىتاب جۇڭگو چاتما رەسىملەر نەشرىياتىنىڭ 1997 - يىل 5 - ئاي 1 - نەشرى، 1998 - يىل 3 - ئاي 3 - باسمىسىغا ئاساسەن تاللاپ تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى .

# ئېيىقچاقنىڭ مېهمان چاقىرىشى

قىزىل يىغناغۇچ چۆچەكلەر توپلىمى (2)


شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلىدۇ
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 889×1194mm، 1/48؛ باسما تاۋىقى: 0.5
2000 - يىل 1 - ئاي 1 - نەشرى، 2011 - يىل 4 - ئاي 7 - بېسىلىشى
ISBN 978 - 7 - 80547 - 812 - 8

بىر يۈرۈش باھاسى: 10.80 يۈەن، پارچە باھاسى: 1.80 يۈەن

قىزىل يىڭناغۇچ چۆچەكلەر مەجمۇئەسى

# ئېيىقچاقنىڭ مېھمان چاقىرىشى



ئەسلى ئاپتورى: باۋ لېي
ئۆزگەرتىپ تۈزگۈچى: چاڭ ياڭ
تەرجىمە قىلغۇچى: روشەنگۈل تۇرسۇن

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت-فوتو سۈرەت نەشرىياتى



1. بۇرۇنقى زاماندا بىر تۈلكە بار بولۇپ، ئۇ ھەم ھۇرۇن، ھەم ئاچكۆز ئىكەن. ئۇ دائىم نەرسە ئوغرىلاپ يەيدىكەن، قورسىقى تويغاندا ئۇخلايدىكەن. ھەممەيلەن ئۇ-نىڭدىن بىزار ئىكەن.

Scanned by CamScanner

2. بىر كۈنى ئۇ ئاسلاننىڭ تورت كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن نەگە بارىدىغانلىقىنى سوراپتۇ.



Scanned by CamScanner

3. ئاسلان: «بۈگۈن بايرام، ئېيىقچاق مېھمان چاقىرىپتىكەن، ھەممىمىز شۇ يەرگە بارىمىز» دەپتۇ.



Scanned by CamScanner

4. تۈلكە ئاسلاندىن ئۆزىنى بىللە ئېلىپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. ئاسلان: «سەن ھۇرۇن ئىكەنسەن، ئىشلە-مەي چىشلەشنىلا بىلىدىكەنسەن، سېنى ھەرگىز ئاپار-مايمەن» دەپتۇ.



Scanned by CamScanner

5. ئاسلان كېتىشىگە، سېرىق كۈچۈك بىر بولاق سوۋغاتنى كۆتۈرۈپ مېڭىپتۇ. تۈلكە ئۇنىڭدىن نەگە بارىدىغانلىقىنى سوراپتۇ.



Scanned by CamScanner



6. سېرىق كۈچۈك: «بۈگۈن بايرام، ئېيىقچاق مېھمان چاقىرىپتىكەن، بىز شۇ يەرگە ماڭدۇق» دەپتۇ. تۈلكە سېرىق كۈچۈكتىن ئۆزىنىمۇ بىللە ئېلىپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ، سېرىق كۈچۈك بۇنىڭغا ئۇنىماپتۇ.

Scanned by CamScanner



7. سېرىق كۈچۈك كەتكەندىن كېيىن، خورازمۇ بىر بولاق سوۋغاتنى كۆتۈرۈپ مېڭىپتۇ. تۈلكە ئۇنىڭدىن نەگە بارىدىغانلىقىنى سوراپتۇ.

8. خوراز: «بۈگۈن بايرام، ئېيىقچاق مېھمان چاقىرىپتىكەن، ھەممىمىز شۇ يەرگە ئوينىغىلى ماڭدۇق» دەپتۇ.



9. تۈلكە خورازدىن ئۆزىنىمۇ بىللە ئېلىپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ، خوراز ئۇنىڭغا ئالىيىپ: «سەن بەك ھۇرۇن، بىكارلىق نەرسە بولسا يېسەملا دەيسەن، سېنى ھەرگىز ئاپارمايمەن» دەپتۇ.



10. خوراز كەتكەندىن كېيىن،تۈلكە قاتتىق ئاچچىقلىنىپ: «ئاپىرىشمىساڭ ئۆزۈم بارىمەن» دەپتۇ-دە، ئېيىقچاقنىڭ ئۆيىگە قاراپ مېڭىپتۇ.



11. ئېيىقچاق ناھايىتى ئالدىراش بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇ بېلىجان، ئۇستىخان، قۇرت قاتارلىق نەرسىلەرنى جوزىغا تىزىپ تەخ قىپتۇ.



Scanned by CamScanner

12. ئېيىقچاق ئىشىكنىڭ چېكىلگەنلىكىنى ئاڭلاپ: «كىم؟» دەپ سوراپتۇ. ئاسلان: «مەن ئاسلان» دەپتۇ.





13. ئېيىقچاق ئىشىكنى ئېچىپتۇ. ئاسلان ئېلىپ كەلگەن تورتنى ئېيىقچاققا بېرىپتۇ.

Scanned by CamScanner

14. ئېيىقچاق: «رەھمەت ساڭا، ئۈستەلدىكى نازۇ نېمەتلەرنى خالىغانچە يېگىن» دەپتۇ. ئاسلان: «ئۈستىخان، قۇر ت دېگەنلەر بىلەن خوشۇم يوق، بېلىجانغا مەن بەك ئامراق» دەپتۇ.



15. ئاسلان ئەمدىلا ئولتۇرۇپ تۇرۇشىغا، سېرىق كۈ-
چۈك سوۋغىتىنى كۆتۈرۈپ كەپتۇ.



16. ئېيىقچاق سېرىق كۈچۈكنىمۇ نازۇ نېمەتلەرنى يېيىشكە تەكلىپ قىپتۇ. سېرىق كۈچۈك: «قۇرت ، بېلىجان دېگەنلەر بىلەن خوشۇم يوق، مەن سۆڭەككە بەك ئامراق» دەپتۇ.



Scanned by CamScanner

17. ئاڭغىچە خورازمۇ يېتىپ كەپتۇ. ئېيىقچاق ئۇنىمۇ تاماققا تەكلىپ قىپتۇ. خوراز: «سۆڭەك، بېلىجان دېگەنلەر بىلەن خوشۇم يوق، قۇرتقا بەك ئامراق» دەپتۇ.



Scanned by CamScanner

18. بۇ چاغدا ئىشىك قاتتىق چېكىلىپتۇ. ئېيىقچاق: «سەن كىم؟» دەپ سوراپ-
تۇ. تۈلكە: «ئىشىكنى تېز ئاچ، مەن تۈلكە» دەپتۇ.



Scanned by CamScanner

19. ئېيىقچاق چۆچۈپ كېتىپ: «ھە، ئەسلىدە بۇ ئەبلەخ ئىكەندە! » دەپتۇ. كۆپچىلىك بىرلىكتە بىر ياخشى ئامال تېپىپتۇ.



Scanned by CamScanner

20. ئېيىقچاق ئۆي سالغاندا ئېشىپ قالغان تاشلارنى دوستلىرىغا ئۈلەشتۈرۈپ بېرىپتۇ.



Scanned by CamScanner



21. ئېيىقچاق ئىشىكنى ئېچىپتۇ. تۈلكە ئىشىكتىن كىرىپلا: «چاپسان بول، يەيدىغان ياخشى نەرسىلىرىڭنى ئەكەل!» دەپ ۋارقىراپتۇ.

Scanned by CamScanner

22. «ئالە مانا! ئالە!»كۆپچىلىك قولدىكى تاشنى تۆلكىگە قارىتىپ ئېتىپتۇ. تۆلكە ۋايسىغان پېتى قېچىپ كېتىپتۇ.



Scanned by CamScanner



23. كۆپچىلىك خۇشال بولغان ھالدا ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ، ناھايىتى
كۆڭۈللۈك ئويناپتۇ.

Scanned by CamScanner

本书根据中国连环画出版社 1997 年 5 月第一版，1998 年 3 月第三次印刷版本选译出版。

## 小熊请客

红蜻蜓丛书(2)

新疆美术摄影出版社出版发行
新疆新华书店经销
新疆新华印刷厂印刷
889 x 1194 毫米　48 开　0.5 印张
2000 年 1 月第 1 版　2011 年 4 月第 7 次印刷
ISBN 978-7-80547-812-8

总定价:10.80 元　每册价:1.80 元(维)

Scanned by CamScanner

مەسئۇل مۇھەررىرى : ماھىنۇر غوپۇر
گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى : ئازات بارات



ISBN 978-7-80547-812-8
9 787805 478128 >
总定价:10.80元 每册价:1.80元(维)

Scanned by CamScanner